# بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق تاماقلارنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق بولۇپ، پەقەت ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزلا بار ئىدى، تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق

سەئىد ئىبنى ئەلھارىس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئوتتا پۇشۇرغان تاماقنى يىسە تاھارەت ئالامدۇ؟ دەپ سورىغاندا جابىر: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق يىمەكلەرنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق بولۇپ، پەقەت ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزلا بار ئىدى، تاماقتىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

سەئىد ئىبنى ئەلھارىس جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاقلاش ياكى قايناتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق ئوتتا پۇشۇرۇلغان تاماقنى يىسە تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولمايدۇ، دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ دەلىلىنى بايان قىلىپ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئۇنداق تاماقلارنى نادىر ئەھۋاللاردا يەيتتۇق، ئۇنداق تاماقلارنى يېگىنىمىزدە، قولىمىزغا يۇققان مايلارنى ئېيتىدىغان لۆڭگە، قولياغلىقلار يوق ئىدى، بىز تاماقنىڭ مايلىرىنى يالىۋەتكەندىن كېيىن ئالقان، بىلەك ۋە پۇتلىرىمىزنى مايلىۋالاتتۇق، ئاندىن كېيىن تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇيتتۇق، دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4960

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee